3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

1100 توننا شىنجاڭ ياڭىقى، ياڭاق مېغىزى لىق قاچىلانغان

# بۇ يىلقى تۇنجى قېتىملىق «مېۋە مەھسۇلاتلىرى تېز پويىزى» يولغا چىقتى

ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى شى شىن خەۋەر قىلىدۇ: 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 1100 توننا ياڭاق، ياڭاق مېغىزى لىق قاچىلانغان يىغىپ توپلاش - يىغىپ توشۇش يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا ئالمىشىپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىلىش مەركىزىدىن ئاستا - ئاستا قوزغىلىپ، قازاقىستاننىڭ قوستانايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بۇ يىل ماڭدۇرغان تۇنجى قېتىملىق «مېۋە مەھسۇلاتلىرى تېز پويىزى».

بۇ قېتىم ئېكسپورت قىلىنغان ياڭاق ۋە ياڭاق مېغىزىنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن كەلتۈرۈلگەن، جەمئىي 46 كونتېينېرغا قاچىلانغان بولۇپ، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى شىنجاڭ جۇڭگو - ياۋروپا بىرلەشمە ئەشيا ئوبوروت چەكلىك شىركىتىگە خەلقئارالىق توشۇشنى ھاۋالە قىلغان.

شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جەي كەيىۋەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يەر شارىۋى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ياۋروپاغا بارىدىغان قۇرۇقلۇق ترانسپورتىنىڭ ترانسپورت كۈچى تېز ئاجىزلاپ، ترانسپورت تەننەرخى ئۆرلەپ كەتتى، دېڭىز ترانسپورت كۈچىمۇ توختاپ قېلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ۋاقىت ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايۋاتىدۇ. كۆپ تەرەپ ماسلىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرى مەخسۇس پويىز بىلەن توشۇلۇش شەكلىدە خەلقئارا بازارغا زور تۈركۈمدە ئېكسپورت قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاممىغا كىرىمنى ئاشۇرىدىغان بىر مۇھىم يول ئېچىپ بەردى. بۇ ياڭاقنىڭ سېتىلىش باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە شۇ جاينىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش ئىشلىرىنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى باھالىق بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەشكە پايدىلىق.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ ياڭىقى 18 دۆلەتكە سېتىلدى، ئەڭ چوڭ بازار رۇسىيە بىلەن تۈركىيە. ئەنئەنىۋى ئاپتوموبىل ترانسپورت شەكلىگە سېلىشتۇرغاندا، يىغىپ توپلاپ، يىغىپ توشۇيدىغان يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزى شەكلى بىلەن 30% تەننەرخنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈرئىتى تېز، دەۋرىيلىكى قىسقا، زىيان - زەخمەت ئاز بولىدۇ.

جەي كەيىۋەن مۇنداق بىلدۈردى: مېۋىچىلىك گۇرۇھى ھەر ئايدا بىر نۆۋەت «مېۋە مەھسۇلاتلىرى تېز پويىزى»نى ماڭدۇرۇشقا تىرىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروت ۋاقتىنى يەنىمۇ قىسقارتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن چەت ئەل بازىرى ئېچىپ بېرىدۇ.

يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 2018 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش، شىنجاڭ سىرتىدا سېتىشتىن ئىبارەت «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي قوشۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى مەۋقەنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ياڭاق بايلىقى ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى خوتەن ناھىيەسى، قاغىلىق ناھىيەسى، ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ ناھىيەسى، توقسۇ ناھىيەسى قاتارلىق ياڭاق كەسپىدە ئەۋزەللىكى بار رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەغەز ياڭاقنى ئامباردا ساقلاش، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، سودا، يىغىش - تەقسىملەش مەركىزىدىن بەشنى قۇرۇپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى 12 ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا تەسىر كۆرسەتتى، تۈرتكە بولدى. 2020 - يىلى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش، سودا مىقدارى 2 مىليون توننىدىن ئېشىپ، 752 مىڭ يېزا ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى.

# پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا، يەتتە نەپەر ئالىي مەكتەپ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى، كەسىپ مەسئۇل تارماقلىرى پارتىيە كومىتېتى(پارتىيە گۇرۇپپىسى)نىڭ شۇجىلىرى خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى باھا بەردى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك. شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپ ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، تىرىشىپ مائارىپ سىستېمىسىنى سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تەربىيەلەيدىغان، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سىياسىي قۇرۇلۇشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، سىياسىي يۆنىلىشنى مۇستەھكەملەپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، مائارىپ سىستېمىسىدا پارتىيەنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك كۈچى، ئىدىيەۋى يېتەكلەش كۈچى، ئاممىنى تەشكىللەش كۈچى، جەمئىيەتكە قارىتا چاقىرىق كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق ئاساسىنى پۇختىلاپ روھنى تاۋلاش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى چىڭ تۇتۇش روشەن يۆنىلىشنى تۇرغۇزۇپ، ئالىي مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ «ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ ئالدىدا مېڭىش» قۇرۇلۇشى پىلانىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى تېز ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەسپىي مەكتەپلەر، پۇقرالار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى چوڭقۇر، ئەتراپلىق، ئومۇميۈزلۈك قاپلايدىغان خىزمەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىنتىزام، قائىدىنى چىڭىتىپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىدا ئۇزاققا سوزۇلىدىغان جەڭنى ياخشى قىلىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە ۋە ئادەم تەربىيەلەش مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى، مەجبۇرىيەت مائارىپى، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى، كەسپىي مائارىپ، ئالىي مائارىپنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، مائارىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مائارىپنى باھالاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ تەرەققىياتى ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ساغلام، بىخەتەر، مۇقىم، تەرتىپلىك بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى مائارىپ سىستېمىسى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتلىرى، ھەرقايسى كەسىپ مەسئۇل تارماقلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەر پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، «پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش ئۆز ۋەزىپىسى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتماسلىق ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغانلىق، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتالماسلىق لاياقەتسىزلىك» دېگەن قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشى، ئاساسىي قاتلامغا ئۇزىرىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇن جۈمېي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

# كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇپ، گۈزەل تۇرمۇشقا قاراپ يۈرۈش قىلىش

□ ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى خەن چىنيەن

كونا يىل ئاخىرلىشىش، يېڭى يىل باشلىنىش مەزگىلىدە، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ جامباز يېزىسى گال كەنتىگە كەلدىم، يوللار كەڭ، پاكىز، ھويلا - ئارانلار رەتلىك، پاكىز، چىرايلىق بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

«گال كەنتىنىڭ مۇھىتى ياخشىلاندى، تۇرمۇش باياشات بولدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.» 62 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ئەمەت تۇرسۇن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «خىزمەت ئەترىتى كېلىپ، كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ بىللە ئىشلىدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن روھى ئۇرغۇدى، كۈنلىرىمىز قانداقمۇ بارغانسېرى ياخشىلانمىسۇن؟»

ئەمەتنىڭ تەسراتى دەل گال كەنتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى. شىنجاڭ گېزىتخانىسى(شىنجاڭ گېزىتچىلىك - تاراتقۇ گۇرۇھى)نىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى گال كەنتىگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرىنى خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، كەسىپلەر تەرەققىياتى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ يېزا - كەنتكە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى.

## سۈپەت ئۆستۈرۈلۈپ، ئۈنۈم ئاشۇرۇلۇپ «بەخت ئۆرۈكى»دىن مول ھوسۇل ئېلىندى

«كەنتتىكى ھەممە ئائىلىدە دېگۈدەك ئۆرۈك دەرىخى بار، لېكىن ئىلگىرى ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغاچقا، ھوسۇلى ئىزچىل يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ھازىر ئۆرۈكنىڭ ھوسۇلى ئاشتى، سۈپىتى ياخشىلاندى، سېتىش يوللىرىدىن غەم قىلمايمىز، مېنىڭ ئۆرۈككە تايىنىپ كىرىمىمنى ئاشۇرۇشقا ئىشەنچىم بار.» 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گال كەنتىدىكى بىر ئۆرۈكلۈكتە كەنت ئاھالىسى ئەنۋەر ھەسەن چاتاپ بولغان ئۆرۈك دەرىخىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا خىزمەت ئەترىتى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ بىزگە چاتاش تېخنىكىسى جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدۇرمىغان بولسا، بۇ ئۆرۈكلۈكتىكى ئۆرۈك دەرەخلىرى ئاللىبۇرۇن كېسىۋېتىلگەن بولاتتى».

كەنتتە تۇرۇش باشلىنىشى بىلەنلا، خىزمەت ئەترىتى گال كەنتىنىڭ ئۆزگىچە سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، كەنتتىكى ئۆرۈكلەرنىڭ ئەتلىك، چۈچۈمەل - تاتلىق، تەملىك ئىكەنلىكىنى، ئەمما كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆستۈرۈش - پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسى كەمچىل بولغاچقا، ئۆرۈكنىڭ ھوسۇلى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار ئىكەنلىكىنى، پايدىسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بايقىدى.

2018 - يىلىنىڭ بېشىدا، خىزمەت ئەترىتى بىلەن كەنت «ئىككى كومىتېت»ى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باغ - ئورمانچىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى كەنتكە تەكلىپ قىلدى، ئۇلار ئېتىز - ئېرىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، چاتاش، چاڭلاشتۇرۇش، مېۋە شالاڭلىتىش قاتارلىق تېخنىكىلار بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى ھەم ئۇن چوڭ ئۆستۈرۈش ئائىلىسىنى كەسىپ ئەھلى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى، ئادەتتە ئۇلار كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆرۈك دەرىخى پەرۋىشى جەريانىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى.

خىزمەت ئەترىتى يەنە 300 مىڭ يۈەن مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىگە يوپۇرماق ئوغۇتى قاتارلىقلارنى تارقىتىپ بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆرۈك سۈپىتى ۋە ھوسۇلىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

«دەسلەپتە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نۇرغۇن ئۆرۈك دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى چاتۇۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتكەنىدى، كېيىن مۇتەخەسسىسلەر ئۆگەتكەن ئۇسۇل بويىچە پەرۋىش قىلغانىدىم، ئۆرۈكنىڭ ھوسۇلى ئېشىپلا قالماي، يەنە سۈپىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى» دېدى ئەنۋەر.

سېتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ سېتىش كوللېكتىپى تەشكىللەپ، پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى مېۋە - چېۋە تەمىنلەش سودىگەرلىرى، تاللا بازار قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، سېتىش يوللىرىنى مۇقىملاشتۇردى.

ھازىر پۈتۈن كەنتتىكى ئۆرۈك ئۆستۈرۈش كۆلىمى 840 مو بولۇپ، ھوسۇل 800 توننىدىن ئاشتى، مۇشۇ بىر تۈردىلا 2020 - يىلى ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5700 يۈەن ئاشتى.

## كۆكتات ئۆستۈرۈش كىرىمنى ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشتى

سىرتتا قەھرىتان سوغۇق بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆي ئىچى باھاردەك ئىللىق ئىدى. يېڭى ئۆيىگە كۆچۈپ كىرگەن ئابدۇرۇسۇل ئاۋۇت ئۆزى تېرىغان پارنىك كۆكتاتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «1.5 مو يەرگە بىر قېتىم لازا، شوخلا تېرىپلا 3000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتىم» دېدى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىدە بوش يەر بارلىقىنى كۆرۈپ، خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، بوش يەرلەردىن پايدىلىنىپ كۆكتات تېرىقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان، خەتىرى تۆۋەن بولغان كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىنى تاپتى.

خىزمەت ئەترىتى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن تېخنىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ، كەنتتە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى دەرسخانىسى ئاچتى. ئۇلار مايسا يېتىشتۈرۈش، ئوغۇتلاش، تېرىش، ئوتاش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە نەق مەيداندا ئۆگىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىپ، ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى.

خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتكەن ئورۇن 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، 172 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ ھويلا - ئارانىدا 260 مو كۆكتاتلىق ئېچىشىغا ياردەم بەردى، ناھىيەلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسى كەنت ئاھالىلىرىنى 180 مىڭ تۈپ لازا، شوخلا قاتارلىق كۆكتات مايسىسى بىلەن تەمىنلەشكە ماسلاشتۇردى، يەنە كۆكتات تېرىغۇچى دېھقانلارنىڭ ئۆز جايىدىكى كۆكتات تۈپ سېتىش بازىرى، ئاشخانا، ئىدارە - ئورۇن قاتارلىقلار بىلەن سېتىۋېلىش كېلىشىمى ئىمزالىشىغا ياردەم بېرىپ، كۆكتاتلارنىڭ سېتىپ چىقىرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كەنتتە كۆكتات تېرىيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. خىزمەت ئەترىتى يەنە 880 مىڭ يۈەن تۈر مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ، 87 پارنىك ۋە كۆلىمى 120 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كۆكتات ئورىسىنى مەركەزلىك بىرتۇتاش ياساپ، بازار ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ كۆكتات تۈرلىرىنى تەڭشەپ، كۆكتاتلارنى ساقلاپ، پەسىلگە قاراپ مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ساتتى.

## ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش يانچۇقنى تومپايتتى

گال كەنتىدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز، خىزمەت ئەترىتى ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش سۈيپىسىنى قۇرۇپ، دېھقانلار كەچلىك مەكتىپىدە كەڭ كۆلەمدە لېكسىيە سۆزلەش ۋە ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، «ئىككى قولغا تايىنىپ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش» «ھازىرقى زامان ئاياللىرى قانداق قىلغاندا قەلب گۈزەللىكى، تاشقى گۈزەللىكنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ» قاتارلىق 50 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق باش تېمىلىق لېكسىيە سۆزلەپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەپشەرچىلىك، پولات چۆنقىچىلىق قاتارلىق ماھارەتلەر بويىچە تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئالاقىلىشىپ ئېچىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بىرەر ماھارەت ئىگىلىشىگە ياردەم بەردى.

«تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، مەن قۇرۇلۇشچىلىق ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالدىم، 30دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ ئەتراپتىكى ناھىيە، يېزىلاردا ئەمەن ئۆي، يول قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن، بىر ئايدا 10 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل تاپالايمەن، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ» دېدى كەنت ئاھالىسى قۇربان ئۇرايىم.

بىر قىسىم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسى بولسىمۇ، ئەمما مەيدان - سورۇننىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خىزمەت ئەترىتى بىلەن كەنت «ئىككى كومىتېت»ى يېزا كىچىك بازىرى قۇرۇلۇشى تۈر مەبلىغىدىن 980 مىڭ يۈەننى قولغا كەلتۈرۈپ، كەنتتە ئىگىلىك تىكلەش كوچىسى بەرپا قىلدى. شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك - تاراتقۇ گۇرۇھى) ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسى بار كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرىنى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى شەھىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش ئاساسىنى پۇختىلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، گال كەنتىدىكى ئىگىلىك تىكلەش كوچىسىدا يېمەك - ئىچمەك، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى تاللا بازىرى، چاچ گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىقلار بويىچە 14 دۇكان بار بولۇپ، ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا قولايلىق ياراتتى، ھەم ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. 2020 - يىلىلا، بۇ كەنتتىكى 791 كىشى سىرتقا چىقىپ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمنى 20 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، بىر ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر ئائىلىنى مۇقىم قىلىش، بىر بۆلەككە تۈرتكە بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)